نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

كەسىپلەرنى توپلاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىش

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەر خەلقنى بېيىتىشتىكى «ئېغىر ۋەزىپە»نى زىممىسىگە ئالدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك يوللارنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تۈر ئارقىلىق كەسىپلەرگە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئۆز جايىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

## «ئۇۋا ياساپ سۇمۇرغ جەلپ قىلىش» ئارقىلىق كەسىپلەرنى توپلاش

3 ـ ئاينىڭ بېشى، قاراقاش ناھىيەسى ئاياغچىلىق كەسىپلەر باغچىسىدىكى رۇيشىن ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىلەن بولقىنىڭ ئاياغ چەمگە ئۇرۇلغان ئاۋازى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشچى روزىمەمەت مەمتىمىن ئاياغ يۈزىنى ماھىرلىق بىلەن تىكىۋاتاتتى.

بۇ يىل 32 ياشقا كىرگەن روزىمەمەتنىڭ ئۆيى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قويچى يېزىسى چىلان كەنتىدە بولۇپ، 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رۇيشىن ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن كۈنلىرى بارغانسېرى مەنىلىك ئۆتتى. «تەربىيەلىنىش ئارقىلىق مەن ئاياغ يۈزىنى تىكىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدىم. ھازىر ئايلىق مائاشىم 2000 يۈەن ئەتراپىدا، تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى روزىمەمەت.

ئۇۋا ياساپ سۇمۇرغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلارنىڭ ماكانلىشىشىنى تېزلىتىپ، نامرات ئاھالىلەرنى ئىشىكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قوللىغان مۇھىم تەدبىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ۋىلايەت سۇ، توك، زاۋۇت بىناسى ئەسلىھەلىرى، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانىلارنى سەممىمىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كەسىپلەرنىڭ كۆلەملىشىشى، توپلىشىشى، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 2017 ـ يىلى ئاياغچىلىق قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەر كىرگۈزۈلگەندىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتىدە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەر يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ تېز ھەم قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم ئۇسۇل. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا خوتەن ۋىلايىتىدىكىگە ئوخشاش بۇنداق «ئۇۋا ياساپ سۇمۇرغ جەلپ قىلىش» ئارقىلىق كىرگۈزگەن ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەر يەنە ناھايىتى كۆپ.

## زورايتىپ، كۈچەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيەسى شىنجاڭ جىنخۇاۋېي خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

«شىركىتىمىز يىلدا ئاساسلىقى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا 1500 كىلوگرام ئالتۇن مەھسۇلاتى ساتىدۇ.» شىنجاڭ جىنخۇاۋېي خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سەدىردىن روزىمەمەت تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھازىر، شىركەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 2300 يۈەن ئەتراپىدا.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەكەن شۈگېڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىدە، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى، خىزمەتچىلەر بۇ يىلقى تۇنجى تاشقى سودا زاكاز مەھسۇلاتىنى تىكىۋاتقان بولۇپ، سېختا ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەكەن ناھىيەسى ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 30 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان تۆت كەسىپلەر باغچە رايونى، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدىغان يېزا ـ كەنت سېخلىرىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، 200دىن ئارتۇق كارخانىنى يەكەنگە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن سۇپا ھازىرلىدى.

يەكەن شۈگېڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى خۇڭ لۇگجۇ مۇنداق دېدى: «بىز يەنە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىۋاتىمىز، مۆلچەرىمىزچە، 4 ـ ئايدا يېڭى سېخ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە يەنە 1500 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيمىز».

## يولنى كېڭەيتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئونسۇ دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا باغچە رايونىدىكى ئاقسۇ خېڭتۇڭ مېۋە شەربىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئالماس توختىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئايدا 4000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئالىدىكەن، ھەر كۈنى سېختا ئىشلەشنى بەخت ھېس قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىلگىرى نامرات ئائىلە بولۇپ، بۇلتۇر ئىشىك ئالدىدىلا ئىشلەيدىغان خىزمەتنى بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپتۇ.

2012 ـ يىلى، ئونسۇ ناھىيەسى سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، ئاقسۇ خېڭتۇڭ مېۋە شەربىتى چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزۈپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۆسۈمگە تولۇقلىما بېرىپ يۆلەش سىياسىتى بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىركەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بىلەن ئېكسپورت قىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شىركەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى ئىشلىتىش سانىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ھازىر، ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىكى خىزمەتچى 80دىن ئاشىدۇ، ھەر يىلى كۈزدىكى ئالما سېتىۋېلىش پەسلىدە ئىشچى ئىشلىتىش سانى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

بارغانسېرى كۆپلىگەن كارخانىنىڭ جايلاردا مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشىغا ئەگىشىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇش يوللىرى كۆپىيىپ، كىرىمىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

(مۇخبىرىمىز رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جۇ خۇڭجېي، جاڭ جيەنجۈن)



كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىش

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، كەنت ئاھالىلىرى لوپ ناھىيەسى لىتيەن شياڭنۇڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى سويۇش، پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ ئاقما لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلىمەكتە. لوپ ناھىيەسى «شىركەت +كەنت پارتىيە ياچېيكىسى+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى+نامرات ئائىلىلەر» ئەندىزىسى بويىچە، لوپ ناھىيەسى لىتيەن شياڭنۇڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، گۆش ئۆردەكنى باقمىچىلىقنى چۆرىدەپ، ھازىر، يىللىق چۈجە چىقىرىش مىقدارى 12 مىليون بولغان چۈجە چىقىرىش بازىسى، يىللىق سويۇش ئىقتىدارى 30 مىليونغا يېتىدىغان قۇشخانا ۋە يىلىغا 120 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان يەم ـ خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، 1200 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى دوستلۇق سودا سارىيىدىكى سۈمى گىرىم بۇيۇملىرى مەخسۇس پوكىيىدە، نۇرغۇن خېرىدار گىرىم بۇيۇمى تاللاۋاتاتتى، دۇكان باشلىقى ما كې مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىندا، سودا سارايى بىلەن سۈپەتلىك ماركىلىق تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان تەرەپلەرنىڭ تىجارەت سالمىقى خېلى زور بولۇپ، سېتىش مىقدارى تېز سۈرئەت بويىچە ئۆرلىدى. «ھازىر، تور سىرتىدىكى تاللا بازارلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10% ئاشتى» دەپ تونۇشتۇردى بۇ شىركەت تىجارەت باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خەن ۋېيخۇا.

ساغلاملىق ئىستېمالىمۇ جانلىنىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى مەنخادۇن ساغلاملىق باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى زەنجىرسىمان دۇكانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تىجارەت باشلىدى. دالا ساياھىتى ـ تۇرمۇش سارىيى ۋە ۋېلىسىپىت دۇكىنى ئاچىدىغان گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ ئاھالىسى فەن شىنگو ناھايىتى ھاياجانلاندى: «بۇ يىل كۆپچىلىكنىڭ ساغلاملىق ئېڭىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈنەرلىك ھېس قىلدىم، ۋېلىسىپىت دۇكىنى تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، دالا ۋېلىسىپىتىنىڭ كۈندىلىك سېتىلىش مىقدارى يەتتە ئەتراپىدا بولدى، سېتىلىش سوممىسى 20 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىپ، بۇلتۇرقىدىن بىر قاتلاندى».

يۇقۇم مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى تىپتىكى ئىستېمال ۋە دەرىجىسى ئۆسكەن ئىستېمالمۇ داۋاملىق «نۇر چېچىپ ئىسسىقلىق تارقاتتى». شىنجاڭ سۈنىڭ يىگوۋ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ بازار ۋە سۈپەتلىك ماركا باش نازارەتچىسى يۈ پېيخۇا مۇنداق تونۇشتۇردى: سۈنىڭ يىگوۋ ئالاقە تورى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، توردىكى سۈنىڭ بۇلۇت دۇكىنى كىچىك پروگراممىسى، سۈنىڭ خېرىدارغا تەۋسىيە قىلىش، ئۈندىداردا تېز سېتىۋېلىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىشتە ۋاكالەتەن مال سېتىش قاتارلىق ئىجتىمائىي توپ ماركېتىڭ قوراللىرى ئارقىلىق ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق «ئۆي ئىگىلىكى»نى جانلاندۇردى. «2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، بىز نۇرغۇن سۈپەتلىك ماركا كارخانىلىرى ۋە ئون نەچچە بانكا بىلەن بىرلىشىپ، يېرىم ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشقان 24 ئايغا بۆلۈپ ئۆسۈمسىز تۆلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردۇق، پائالىيەت توردا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، زاكاز مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئىستېمال باھارى يېتىپ كەلدى» دېدى يۈ پېيخۇا.

«ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ سۈپەتلىك، كۆپ مەنبەلىك، قولايلىق بولۇشقا قويغان ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىركەت توردا سېتىش، تور سىرتىدا ھېس قىلىپ مال سېتىۋېلىشتەك سېتىش يېڭى ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئىستېمالنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.» شىنجاڭ خۇيجيا دەۋر تۈرلۈك ماللار پاي چەكلىك شىركىتى سانجى رايونى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى سەرجان مۇنداق دېدى: «بىز يۇقۇم مەزگىلىدىكى تور تاللا بازىرى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئەندىزىسىنى داۋاملىق قوللىنىپ، توردا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزى قۇرىمىز، تۈرلۈك ماللار كەسىپ ھالىتىنىڭ تور سودا شەھەرچىسىمۇ 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا توردا ئېچىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ توردا سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ».

# بۇ يىل «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 290 مىڭ ئائىلىلىككە يېقىن ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۆلچەر بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر ئىسسىنىش پەسلى 135 كۈن، ئىسسىنىش كۆلىمى 50 كۋادرات مېتىر بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ يىلدا توك بىلەن ئىسسىنىشقا ئىشلىتىدىغان توك مىقدارى تەخمىنەن 5000 كىلوۋات سائەت، ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ ئۇنىۋېرسال باھاسى تەخمىنەن 0.198 يۈەن بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ توك پۇلى چىقىمى تەخمىنەن 1000 يۈەن بولىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرى قىشتا ئىسسىنىشقا، تاماق ئېتىشكە تەخمىنەن بىر ـ ئىككى توننا كۆمۈر ئىشلىتىدۇ، ھەربىر ئائىلىنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىش چىقىمى 600 يۈەندىن 1600 يۈەنگىچە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ھازىر توك بىلەن ئىسسىنىش خىراجىتى چىقىمى ئاساسىي جەھەتتىن ئائىلىلەرنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىش چىقىمى بىلەن تەڭلىشىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھاسىلىي ئېنېرگىيە كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش مىقدارى تۆۋەنلەش، دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بىلەن قوللىشى قاتارلىق پايدىلىق ئامىللار سەۋەبىدىن، توك بىلەن ئىسسىنىش خىراجىتى باشقا ئىسسىنىش شەكىللىرى خىراجىتىگە قارىغاندا يەنىمۇ تۆۋەنلەيدۇ.

«كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈرى يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولىدۇ، «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈرى قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك كەنت ئاھالىلىرى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە زور بىر تۈركۈم ئېلېكتر تېخنىكا كەسپىي ماھارىتى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش ماھارىتى بار خادىملار يېتىشتۈرۈلۈپ، يەرلىك قۇرۇلۇش خادىملىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈردى، شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش خادىملىرى يەنە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقىپ ئىشلىسە بولىدۇ. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2019 ـ يىلىدىكى «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈرىدە، قەشقەر ۋىلايىتىدە 3896 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەل قىلىنغان، خوتەن ۋىلايىتىدە 1320 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەل قىلىنغان، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا يەرلىك خادىملارنىڭ قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش نىسبىتى 80%تىن يۇقىرى بولغان. ئىشچىلارنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە مائاشى 160 يۈەندىن 300 يۈەنگىچە بولغان، مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ 800 يۈەنگە يەتكەن.

ئىگىلىنىشىچە، بۇلتۇردىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى كېڭەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسسىنىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسسىنىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنى تېخىمۇ كۆپ «ئېلېكترلەشكەن شىنجاڭ» نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن قىلدۇرغان. 2019 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش تۈرى تاماملانغاندىن كېيىن، 316 مىڭ 300 ئائىلىلىك ئاھالە پارچە كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىدىغان قىش پەسلى بىلەن خوشلاشقان، ھەر يىلى 320 مىڭ توننا كۆمۈر تېجەپ قېلىنغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خادىم قىسقارتمىغان ياكى خادىمنى ئاز قىسقارتقان، سۇغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىلارغا قارىتا، ئالدىنقى يىلى ئەمەلىي تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ 50%ىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ(جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 60% بويىچە ھېسابلىنىدۇ)، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھەم ئەسلىگە كېلىشىدە ئۈمىد بار بولغان، خادىم قىسقارتماسلىق، ئاز قىسقارتىشتا چىڭ تۇرغان قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا قارىتا، سىياسەتنى ئىجرا قىلىش مۇددىتىنى 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىدۇ؛ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا قارىتىلغان ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قايتۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەنپەئەتلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، يۇقۇم مەزگىلىدە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ خادىم قىسقارتىش نىسبەت ئۆلچىمى 5.5%تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، خادىم سانى 30 ئادەم (30 ئادەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن ئاز بولغان، سۇغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىلارنىڭ خادىم قىسقارتىش نىسبەت ئۆلچىمى كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 20%ىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتىنى باسقۇچلۇق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ، يولغا قويۇش مۇددىتى 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىلىپ، ھەق تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يۈكى ھەققىي يېنىكلىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى يەن كېمىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قايتۇرۇش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، جىددىي ئىشنى تېز بېجىرىپ، ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىپ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قايتۇرۇش مەبلىغىنى ئاساسىي جەھەتتىن نەقلەشتۈرۈشكە تىرىشىدىكەن؛ 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قايتۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى كۆپ بولغان باشلامچى كارخانىلارنى نۇقتىلىق قوللايدىكەن، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى، ئاممىۋى ئىشلار، ئاممىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان كارخانىلارنى قوللاشقا مايىللاشتۇرىدىكەن.

سىياسەت پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز قايتۇرۇش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارنى تاسقاپ چىقىپ، تېلېفون بېرىش، ئۇچۇر يوللاش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كارخانىلارغا «بىرگە بىر» ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئىلتىماس قىلىش ھالقىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قايتۇرۇش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، «كارخانىلار ياردەم تولۇقلىمىسى ئىزدەش»نى «ياردەم تولۇقلىمىسى كارخانىلارنى ئىزدەش»كە ئۆزگەرتىپ، قايتۇرۇش ئومۇمىي مۇساپىسىدە قاتراتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.